# بىر قۇل خوجايىنىغا سەمىمى بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئىبادىتىنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر قۇل خوجايىنىغا سەمىمى بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئىبادىتىنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ». ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆز رەببىنىڭ ئىبادىتىنى ياخشى ئادا قىلغان، شۇنداقلا ئۆز خوجايىنىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلغان سەمىمى، ئىتائەتچان قۇلغا قوش ئەجىر بېرىلىدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنىڭ ھەر ئىككى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان]

بىر قۇل ئۆزى ئۈستىدىكى خوجايىنىنىڭ ھەققىنى يەنى خىزمىتى، ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى تولۇق ئادا قىلسا، خوجايىنىغا سەمىمى بولسا، ئاللاھنىڭ ھەققىدىن ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلسا، چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قوش ساۋاپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككى ئىشنى قىلىشقا تەكلىپ بېرىلگەن: بىرىنچى: خوجايىنىنىڭ ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ. ئىككىنچى: ئاللاھغا ئىتائەت قىلغانىنىڭ ئەجرى، قۇل ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلسا ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3607